# 6050 ـ قەبرىستانلىقتا چوڭ-كىچىك ھاجىتىنى قىلىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

**سۇئال**

بەزى شەھەرلەردە بەزى كىشىلەرنىڭ تەرىتى قىستاپ قالسا، تەرەت سۇندۇرۇش ئۈچۈن ئەتراپىنى ئوراپ قويغان قەبرىستانلىققا كىرىپ ئۇ يەردە مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىسى بار ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ شۇ يەرگە چوڭ-كىچىك تەرەت قىلىپ قويۇپ چىقىپ كېتىدۇ، بۇنداق قىلسا قانداق بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بۇ ھەقىقەتەن ۋاپات بولغانلارنىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلغان، قەبىھ، ناچار ئىشتۇر. مېيىتنىڭ قەبرىسى ھاياتلىقتىكى ئۆيگە ئوخشاشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق قىلمىشنىڭ بەك ناچار  ئىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: « كۆيۈۋاتقان چوغ ياكى قىلىچ ئۈستىدە مېڭىش، مەن ئۈچۈن مۇسۇلماننىڭ قەبرىسى ئۈستىدە مېڭىشتىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر. قەبرىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياكى بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھاجەت قىلساممۇ، پەرۋا قىلمايمەن». [ئىبنى ماجە رىۋايىتى. بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى"زەۋائىد" تا ئىسنادى سەھىھ دېگەن. "ئىرۋائۇل غەلىيل"دە سەھىھ دەپ63 ـ نومۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرگەن.]

ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئايىغىمنى پۇتۇمدا تۈرغۈزۈپ تىكىمەن-ئوڭشايمەن ـ  » دېگىنىمۇ گەرچە مۇمكىن بولسىمۇ بەك قىيىن ئىش، بۇنىڭدا قاتتىق جارچاش بولىدۇ، شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئىش ماڭا مۇسۇلماننىڭ قەبرىسى ئۈستىدىن مېڭىشتىنمۇ بەك ياخشى كۆرەلگۈچى دەيدۇ «. «قەبرىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياكى بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھاجەت قىلسامۇ، پەرۋا قىلمايمەن» دېگەن سۆزى بولسا، بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسى ناچار، قەبىھ ئىشلاردىن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنى قىلغان كىشى ئۇنىڭ ئىككىلىسىنى قىلىشتىنمۇ پەرۋا قىلمايدۇ دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.